## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن

# خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي لايىھەسىنى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەدەم ـ باسقۇچ، قاتلاملار بويىچە ئەركىن سودا پورتى سىياسىتى ۋە تۈزۈم سىستېمىسىنى ئورنىتىشقا مەدەت بېرىش باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى پىلانلىغان، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان، ئۆزى تۈرتكە بولغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئويلىشىپ، ئىلمىي پىلانلاپ چىقارغان ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر. بۈگۈنكى دۇنيا يېڭى بىر نۆۋەتلىك چوڭ تەرەققىيات، چوڭ ئۆزگىرىش، چوڭ تەڭشەشنى باشتىن كەچۈرمەكتە، قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىللىك باش كۆتۈرمەكتە، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشى تېخىمۇ زور تەتۈر شامال ۋە تەتۈر دولقۇنغا دۇچ كەلمەكتە. خەينەندە ئەركىن سودا پورتى قۇرۇش يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ تەلىپى؛ بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان، قولايلاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تاللاش؛ ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشغا مەدەت بېرىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەينەن ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ خەينەننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قوللاش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نىڭ تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يۇقىرى سەۋىيەلىك جۇڭگوچە ئەركىن سودا پورتى قۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بۇ لايىھە تۈزۈپ چىقىلدى.

«لايىھە»دە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇلۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرما بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىلىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلىغان، خەلقئارا يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىقتىساد ـ سودا قائىدىسىگە ئۇدۇللاشتۇرۇلۇپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىلىپ، دىققەت سودا سېلىنمىسىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەركىن سودا پورتىغا ماس كېلىدىغان سىياسەت، تۈزۈم سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچى ۋە تەسىر كۈچىگە ئىگە تاموژنا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئالاھىدە رايونى قۇرۇلۇپ، خەينەن ئەركىن سودا پورتىنى دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان روشەن بايراق ۋە مۇھىم ئېچىۋېتىلگەن كۆزنەك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كۆرسىتىلگەن.

«لايىھە»دە خەينەن ئەركىن سودا پورتىنىڭ يولغا قويۇلۇش دائىرىسى پۈتۈن خەينەن ئارىلى بويىچە بولىدۇ، دەپ ئېنىق بېكىتىلدى.

«لايىھە»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2025 ـ يىلغا بارغاندا، سودا ئەركىن، قولاي بولۇش ۋە مەبلەغ سېلىش ئەركىن، قولاي بولۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئەركىن سودا پورتى سىياسەت، تۈزۈم سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلىدۇ. تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ئومۇمىي جەھەتتىن دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان سەۋىيەگە يېتىدۇ، بازار سۇبيېكتى زور نىسبەتتە ئاشىدۇ، كەسىپلەرنىڭ رىقابەت كۈچى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈچلۈك ھەم ئۈنۈملۈك بولىدۇ، ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشغا ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن ـ نىزاملار تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىدۇ.

2035 ـ يىلغا بارغاندا، ئەركىن سودا پورتى تۈزۈم سىستېمىسى ۋە ئايلىنىش ئەندىزىسى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدۇ، ئەركىن، ئادىل، قانۇنچىل، يۇقىرى سەۋىيەلىك بولغان جەريانىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ئالاھىدىلىك قىلغان سودا ۋە سېلىنما قائىدىسى ئاساسىي جەھەتتىن بېكىتىلىپ، سودا ئەركىن، قولاي بولۇش، مەبلەغ سېلىش ئەركىن، قولاي بولۇش، چېگرا ھالقىغان مەبلەغ ئوبوروتى ئەركىن، قولاي بولۇش، خادىملارنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى ئەركىن، قولاي بولۇش، ترانسپورت ئالاقىسى ئەركىن، قولاي بولۇش ۋە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك يۆتكىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. تىجارەت ـ سودا مۇھىتى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇلىدۇ، قانۇن ـ نىزام سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى تېخىمۇ پۇختىلىنىدۇ، زامانىۋى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى ئېگىزلىكىگە ئايلىنىدۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، بىرقەدەر كۈچلۈك خەلقئارا تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەركىن سودا پورتى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەينەن ئۆلكىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۈنىلىشنى توغرا ئىگىلەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، سىياسەتلەرنى دەسلەپكى مەزگىلدە ئورۇنلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەخ قېقىش روھى بىلەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى چوڭ ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، خەينەننىڭ دادىل ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى قوللاپ، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

خەينەن ئەركىن سودا پورتىنىڭ يولغا قويۇلۇش دائىرىسى پۈتۈن خەينەن ئارىلى بويىچە بولىدۇ، 2025 ـ يىلغا بارغاندا سودا ئەركىن، قولاي بولۇش ۋە مەبلەغ سېلىش ئەركىن، قولاي بولۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئەركىن سودا پورتى سىياسەت، تۈزۈم سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلىدۇ، 2035 ـ يىلغا بارغاندا دۆلىتىمىزنىڭ ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى ئېگىزلىكىگە ئايلىنىدۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا بىرقەدەر كۈچلۈك خەلقئارا تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەركىن سودا پورتى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

## شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن

# «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نى ئېلان قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى يېڭى جۇڭگودىكى قانۇن دەستۇرى نامى بىلەن ئاتالغان تۇنجى قانۇن، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن دەستۇرى تۈزۈش، چىقىرىشقا يول ئاچقان بولۇپ، ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى تۈزۈش پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا بېكىتىلگەن بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسى بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما. بۇ قانۇن دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ھەق تەلەپ قانۇن ـ تۈزۈملىرى ئۆلچەمنى سىستېمىلىق بىرىكتۈرۈش، تۈزۈش، تەھرىرلەش، تۈزىتىش ئارقىلىق، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان، تۈزۈلۈشى ئىلمىي، قۇرۇلمىسى پۇختا، قېلىپلاشقان، مۇۋاپىق، مەزمۇنى مۇكەممەل ھەم بىردەك ماسلاشتۇرۇلغان قانۇن دەستۇرىنى شەكىللەندۈردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئۈمىد ـ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلاندى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن جۇڭتەي خىمىيەسىنىڭ رەسمىي خىزمەتچىسىگە ئايلاندى، ئائىلىق كىرىمنى قوشقاندا 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ، يەنە بىر يۈرۈش كاپالەتلىك تۇرالغۇ سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلاشتى.

قىلىدىغان ئىشى بولۇش، پۇل تاپالايدىغان بولۇش، كۈنلىرىنى بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئەمەتجان ئەر ـ خوتۇننىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى. ئالتە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلار قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتتى، 2019 ـ يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەردىكى شۇ قاراردا پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن 100 مىڭ ئادەمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئورۇندالدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈش باشتىن ـ ئاخىر ساقلاندى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، چىرا ناھىيەسىنىڭ گۈلاخما بازىرىدىكى بىر كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدا، 100 نەچچە ئىشچى باش چۆكۈرۈپ ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. «بۇ يەردە تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەندىم، بۇلتۇر 6 ـ ئايدا زاۋۇت باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدۈم، ھازىر ئايلىق مائاشىم 3300 يۈەن. ئائىلىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، كۈنلىرىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى گۈلاخما بازىرى ئارال كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بۇمەرىيەمخان ئابدۇرېھىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ يىل، يۇقۇمنىڭ تەسىرى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز تېخىمۇ ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق يۆلكىنى يېنىكلىتىپ، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتتى: كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىش، شەخسلەر ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل سوممىسىنى ئۆستۈرۈش... تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىنى «تاماق قاچىسى»نى چىڭ تۇتۇش، كىشىلىك ھاياتتا ئۇتۇق قازىنىپ، ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

«ئالدىنقى ئايدا، سانجى شەھىرىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، 150 مىڭ يۈەن ياردەم ئۆسۈمسىز ئىگىلىك تىكلەش قەرز پۇلى ۋە 16 مىڭ يۈەن ئىگىلىك تىكلەش ياردەم تولۇقلىمىسى ئالدىم. بۈگۈنكى كۈندە، ئاپپارات ياخشى ئايلىنىپ، يەنە ئون نەچچە ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى» دېدى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، سانجى شەھىرى خۇائېرزى مۇزدىكا شەھەرچىسىدىكى سىنشيا بالىلار ئائىلىسىنىڭ مەسئۇلى جاڭ تۈڭ كەلگۈسىگە بولغان تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

### تۆۋەن چەككە تولۇق كاپالەتلىك قىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلار ھەل قىلىندى

خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزگەندە، خەلق رايىنى ئۇتقىلى بولىدۇ.

«داشۆگە چىققاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ياردىمىدە، 6000 يۈەن ئوقۇش ياردەمى قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلدىم، دۆلەتنىڭ ياردەم مەبلىغى سىياسىتى مېنى ئارزۇيۇمغا ئىنتىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى» دېدى شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسىنىڭ 2 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى خۇرشىدە مەممەت ھاياجانلانغان ھالدا.

«بىرمۇ ئوقۇغۇچىنى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قالدۇرماسلىق كېرەك»، بۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدە. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا كەچۈرۈم قىلىش، مۇكاپاتلاش، ياردەم بېرىش، قەرز بېرىش، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىشتىن ئىبارەت كۆپ بىر گەۋدە قىلىنغان ئوقۇش ياردەم مەبلىغى سىياسەت سىستېمىسى شەكىللەندى، بۇ يىلنىڭ 1 ـ پەسلىدە جەمئىي 6 مىليارد 511 مىليون يۈەن ئوقۇش ياردەم مەبلىغى ئاجرىتىلىپ، 5 مىليون 559 مىڭ 100 ئادەم قېتىم ئوقۇغۇچىغا نەپ يەتكۈزۈلدى. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلىرىنىڭ ھەممىسىگە ياردەم بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، سانسىزلىغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۈمىد چىرىغى يورۇتۇلدى.

خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى خەلق تۇرمۇشىدىكى «كىچىك» كوردىناتلاردا بىر ـ بىرلەپ گەۋدىلەندى. ئالتە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت تۇرمۇشتا يەنە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ھەر ۋاقىت غېمىنى يەپ، ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى، ھال ـ ئەھۋالىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئىشنى ئۇلار ھەل قىلىنىشىنى ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان ئىشلاردىن باشلاپ قىلىپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇلارنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، تەرەققىيات داۋامىدا خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىدى.

نامرات نوپۇسنىڭ كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات ناھىيەلەردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامراتلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامراتلارغا قارىتا شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى ھۆكۈمەت ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش سىياسىتى ۋە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 60 ياشتىن ئاشقان نامراتلارغا قارىتا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتىنى تارقىتىشقا تېگىشلىكلىرىگە تولۇق تارقىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسلار ئىچىدىكى ئېغىر كېسەل، سوزۇلما كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ داۋالىنىشقا تېگىشلىكلىرى تولۇق داۋالاندى. ئاپتونوم رايونىمىز ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلدى، يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلار، كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى 100%كە يەتتى، ھەممە كەنتتە لاياقەتلىك كەنت دوختۇرلىرى بار بولدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا نوپۇسىدىكىلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ھەمكارلىق دوختۇرخانىلىرىدا يېتىپ داۋالىنىدىغان بولۇپ، ئالدى بىلەن داۋالاش، ئاندىن ھەق تۆلەش ۋە بىر كۆزنەكتە ھېسابات قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 2019 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاغرىقلارنى ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە قاپلاش نىسبىتى 99.14%كە ئۆستۈرۈلۈپ، ئاممىنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىشى، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ «ئاساسى»نى مۇقىملاشتۇرۇشتا. يۇقۇم ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل «كۈچلۈك، يادرولۇق» قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش تەدبىرىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىقاردى: ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىپ، تولۇقلاشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق تولۇقلاشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1 ـ پەسلىدە ئاپتونوم رايونىمىز 2 مىليارد 180 مىليون يۈەن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ياردەم پۇل مەبلىغى تارقىتىپ، شەھەر ـ يېزا تۆۋەن كاپالىتى، يېتىم بالىلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، بېقىش، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، سەرگەردان ـ تىلەمچىلەرنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشكە بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلەتكەن.

«بىز قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەم ـ كۈتىسىز ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا بولغان غەمخورلۇقىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى يۈڭفېڭ.

خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئىشلارنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى خەلق تۇرمۇشىدىكى جانلىق كارتىنىلارغا ئايلىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئالقىشلىرى ئىچىدە گەۋدىلىنىپ، ئاممىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

### خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى قەتئىي بوشاشماي ئاشۇرۇلدى

«يېزىلىق شىپاخانىدا كېسەل كۆرسىتىۋاتىمەن، كۆكرەك لېنتىسىغا قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر دىياگنوز قويدى، يىراقتا بارمايلا مۇتەخەسسىسلەرگە كېسەل كۆرسىتەلىدىم، ھەقىقەتەن قولايلىق بوپتۇ» دېدى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، پەيزاۋات ناھىيەسى قوشئاۋات بازىرىنىڭ ئاھالىسى خەيرىگۈل قادىر.

2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانىلاردا يىراقتىن داۋالاشنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلار ۋە مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركەزلىرىنى يىراقتىن داۋالاش بويىچە قاپلىنىش دائىرىسى 70%كە يەتتى. يىراقتىن داۋالاشنىڭ ئومۇملىشىشى ئاساسىي قاتلامدىكى تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى ناھىيەدىن چىقماي، ھەتتا يېزىدىن چىقمايلا چوڭ دوختۇرخانىلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىياگنوز قويۇش ـ داۋالىشىغا ئېرىشتۈرۈپ، كېسەل كۆرسىتىش يۈكىنى يېنىكلەتتى.

تېخىمۇ ياخشى مائارىپ، تېخىمۇ مۇقىم خىزمەت، تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئىجتىمائىي كاپالەت، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك داۋالاش سەھىيە مۇلازىمىتى... ھەربىر يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئەمەلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلدى.

ئائىلە دوختۇرى، سېسترالار بىلەن توردا كېلىشىش، سىنلىق سوراپ دىياگنوز قويۇش... «ئالاقە تورى + داۋالاش، ساغلاملىق»نىڭ يېڭىچە مۇلازىمەت ئەندىزىسى ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ داۋالىنىش ئۇسۇلىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتمەكتە. «كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كېلىشىم ئىمزالىغان دوختۇرى بار، يەنە بىزگە ساغلاملىق ئارخىپى تۇرغۇزۇپ بەردى، ھەر يىلى ھەممىمىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولالايمىز» دېدى كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك بازىرى قالما كەنتىدىكى 81 ياشلىق پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى راخمان تاھىر ناھايىتى ئىپتىخارلىق بىلەن.

ئاقىل مەكتەپ، يۈرۈشلەشكەن سىنىپ، بىۋاستە تارقىتىش دەرسخانىسى... مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ «تور لىنىيە»سى شەھەر ـ يېزىلاردىكى دەرسخانىلارنى تۇتاشتۇردى. يىراقتىن ئوقۇتۇش سىستېمىسى ئارقىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى بالىلار ئۈرۈمچىدىكى، ھەتتا ئىچكىرى رايونلاردىكى بالىلار بىلەن ئوخشاش دەرسكە قاتنىشالايدىغان بولدى. ئادىل ھەم سۈپەتلىك مائارىپ ھەربىر بالىنىڭ ئارزۇسىنى قاناتلاندۇردى.

رەقەملەر خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنىڭ گۇۋاھچىسى. 2013 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 19 مىڭ 874 يۈەندىن 34 مىڭ 664 يۈەنگە ئاشتى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7296 يۈەندىن 13 مىڭ 122 يۈەنگە ئاشتى؛ نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 2014 ـ يىلدىكى 19.4%تىن 1.24%كە تۆۋەنلىدى، ھەر مىللەت ئاممىسى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ۋەتەن بىلەن ئورتاق تەرەققىي قىلىش داۋامىدا، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتى.